# تۈزۈم ئەۋزەللىكىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارغا تاقابىل تۇرايلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ كۈچلۈك ئالغا سىلجىتىلىشىدىكى تۈپ سەۋەب، پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم تۈزۈم ئەۋزەللىكىنىڭ تەڭداشسىز مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرغانلىقىدا.» يامان ئەلپازدا كەلگەن يۇقۇم ئالدىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە، بىز ناھايىتى تېزلا 340تىن ئارتۇق داۋالاش ئەترىتى، 42 مىڭدىن ئارتۇق تېببىي خادىمنى يۆتكەپ كېلىپ، كېچىلەپ ياردەمگە بېرىپ، بىرىنچى سەپكە ئاتلاندۇق، بىز 19 ئۆلكىنى يۇقۇم ئېغىر رايونلارغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە تېزدىن تەشكىللەپ، پۈتۈن كۈچىمىزنى سەرپ قىلىپ، غەلىبە قىلمىغۇچە چېكىنمىدۇق، بىز 1 مىليارد 400 مىليون خەلقنى بىرلىشىپ مۇداپىئەلىنىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش، ئالدىنى ئېلىش، ئامما تىزگىنلەشكە تېزدىن سەپەرۋەر قىلىپ، پۇختا مۇداپىئە لىنىيەسى قۇردۇق... دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ باش ئىش بېجىرگۈچىسى تەن دېسەي چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇپ مۇنداق دېدى: «جۇڭگو تەرەپ ھەرىكىتىنىڭ سۈرئىتىنىڭ تېزلىكى، كۆلىمىنىڭ زورلۇقى دۇنيادا ئاز ئۇچرايدۇ. بۇ، جۇڭگو تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى».

بىر دۆلەتنىڭ تۈزۈمىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ـ بولمىغانلىقىنى، ئەۋزەللىككە ئىگە ـ ئىگە ئەمەسلىكىنى ئۆلچەيدىغان بىر مۇھىم تەرەپ شۇكى، ئۇنىڭ ئېغىر، زور كرىزىسقا قانداق تاقابىل تۇرغانلىقىغا قاراش كېرەك. بۇ قېتىمقى يەر شارى ئاممىۋى سەھىيە تاسادىپىي ۋەقەسى ئالدىدا، جۇڭگو تۈزۈمى «بېسىم سىنىقى»دىن ئۆتۈپ، لاياقەتلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇردى، كرىزىسقا تاقابىل تۇرۇشتا قالتىس رەھبەرلىك ئىقتىدارى، تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى، تەشكىللەش، سەپەرۋەر قىلىش ئىقتىدارى، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى.

ۋۇخەندىن خۇبېيغىچە، خۇبېيدىن پۈتۈن مەملىكەتكىچە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش قوماندانلىق قىلىشى، بىرتۇتاش ماسلاشتۇرۇشى، بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى ئارقىسىدا، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە پەن ـ مەدەنىيەتتىن ئىبارەت ھەر تەرەپ، ھەر ساھەلەر بىر گەۋدە بولۇپ ھەرىكەت قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتتە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە زىچ ئۇيۇشۇپ، بىر تاختا شاھمەتنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنى جىددىي سەپەرۋەر قىلىپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى بايلىقلارنى تەرتىپلىك يۆتكەپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچىنى تېزدىن شەكىللەندۈردى. بۇ مەيدان يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە، خەلقئارادىكى زاتلار جۇڭگونىڭ «قۇدرەتلىك سەپەرۋەرلىك ۋە ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى مۇھىم پەيتتە تولۇق نامايان قىلغانلىقى»نى كۆردى، خەلقئارا جەمئىيەت «جۇڭگونىڭ ئۇسۇلىنى ئۈلگە سۈپىتىدە دۇنيانىڭ تارقىلىشچان كېسەلگە تاقابىل تۇرۇش تارىخىغا كىرگۈزۈشكە بولىدۇ» دەپ ماختىدى، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى زاتلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مۇرەككەپ ۋەزىيەتنى كونترول قىلىش، خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسقا تاقابىل تۇرۇشتىكى قۇدرەتلىك ئىقتىدارىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. يېقىندا ئېچىلغان پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار سۆھبەت يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلاپ مۇنداق دېدى: «يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كۈرىشى ئەمەلىيىتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم تۈزۈمى، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ۋە روشەن ئەۋزەللىككە ئىگە ئىكەنلىكى، ھەرقانداق جاپا ـ مۇشەققەت، خەتەرلىك توسالغۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدىغانلىقى، ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم، زور تۆھپە قوشالايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى».

بۇ مەيدان كەسكىن كۈرەش بىزگە شۇنداق چوڭقۇر ئىلھام بېرىدۇكى: تەرەققىيات مۇھىتى قانچە كەسكىن، مۇرەككەپ بولغانسېرى، ئىسلاھاتنى شۇنچە قەتئىي تەۋرەنمەي چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەر جەھەتتىكى تۈزۈملەرنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈزۈم قۇرۇلۇشى بىلەن ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىنىڭ تېخىمۇ ياخشى ئايلىنىشى، يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تۈزۈم ئەۋزەللىكىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارنىڭ زەربىسىگە تاقابىل تۇرۇش كېرەك. بۇ قېتىمقى يۇقۇمدا ئاشكارىلانغان كەمتۈكلۈكلەر ۋە يېتەرسىزلىكلەرگە قارىتا، بىز چىڭ تۇتۇپ كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، يوچۇقلارنى ئېتىپ، ئاجىز تۇرلەرنى كۈچەيتىپ، چىڭ تۇرۇشقا تېگىشلىكلىرىدە چىڭ تۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئورنىتىشقا تېگىشلىكلىرىنى ئورنىتىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئادەتتىكى مەزگىل بىلەن جەڭ مەزگىلى بىرلەشتۈرۈلگەن ئېغىر، زور يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش سىستېمىسىنى قۇرۇپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيا كاپالەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلاردا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش يېڭىچە پۈتۈن دۆلەت تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە تاسادىپىي يۈز بەرگەن ئېغىر، زور ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئىلگىرىلەش مۇساپىسىدە، بىز ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئۆزىمىزنى يۈكسەلدۈرۈشكە ماھىر بولۇپ، جەمئىيەتنى باشتىن ئاخىر تولۇپ تاشقان جۇشقۇنلۇق ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىشىمىز، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىشىمىز، ئەۋزەللىكنى تولۇق نامايان قىلىشىمىز كېرەك.

«دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ، خەلقنى خاتىرجەم، تەرتىپلىك قىلىش ئۈچۈن تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.» تارىخ شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىلگىرىلىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى، پارتىيە رەھبەرلىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىكى. كەلگۈسىگە يۈزلىنىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنىڭ مۇقىملاشتۇرغۇچلۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى دۆلەت ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا تېخىمۇ ياخشى ئايلاندۇرۇپ، يۈز مىليونلىغان خەلقنىڭ بىر نىيەتتە ئويلاش، بىر مەقسەتتە كۈچ چىقىرىش قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملىسەكلا، بىز چوقۇم ئىلگىرىلەش يولىمىزدىكى بارلىق خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۈزلۈكسىز يېڭى، تېخىمۇ زور مۆجىزىلەرنى يارىتالايمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# ھەل قىلغۇچ جەڭنىڭ ھالقىلىق پەيتىدە غەلىبە قىلىشتا، «دەل» ۋە «ئەمەلىي» بولۇشقا تايىنىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نامراتلىق گىرۋىكىدىكى ئائىلىلەرنىڭ مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇپ كىرىمنى كۆپەيتىشى ئۈچۈن «بىخەتەرلىك كالاپانى»نى چىڭىتتۇق» دېدى مىرئادىلجان.

ۋەكىل، ئەزالار ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئۈستىدە توختالدى ——

**«ئادەمگە، ئائىلىگە قاراپ كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى ئالغا سىلجىتىش»**

«دەل جايىدا بولغان كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئەمەلىي بولغان كەسىپ تەرەققىيات تەدبىرى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتىكى ئاساس.» مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى رۇقىيەم مەتسەيدى مۇنداق بىلدۈردى: مەن خىزمەت قىلىۋاتقان، تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان كېرىيە ناھىيەسىنى مىسالغا ئالساق، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «بىر ناھىيەدە بىر ئالاھىدىلىك بولۇش، بىر يېزىدا بىر كەسىپ بولۇش، بىر كەنتتە بىر مەھسۇلات بولۇش» تەپەككۇر يولى بويىچە، قىزىلگۈل، توشقانزەدىكى، ئۈژمە، غاز، كۆپ تۇغىدىغان گۆش قويى قاتارلىق خاس تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ پۈتۈن كەسىپ زەنجىرى شەكىللەندۈرۈپ، بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىشقا پۇختا ئاساس سالدى.

رۇقىيەم مەتسەيدى مۇنداق قارىدى: ھازىر، ھەرقايسى جايلار كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتە ئاساسىي جەھەتتىن كۆلەم شەكىللەندۈردى، قانچىكى مۇشۇنداق بولغانسېرى، شۇنچە بېپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ. ھەربىر نامرات ئائىلىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئادەمگە، ئائىلىگە قاراپ تەدبىر قوللىنىپ «زاكاز شەكىل»دىكى كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى ئالغا سىلجىتىپ، نامرات ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

**«ئۆز خاسلىقىغا ئىگە كەسىپ زەنجىرىنى بەرپا قىلىش»**

«نۆۋەتتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ھەرقايسى جايلارنىڭ كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتە ئەڭ ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقىنى ‹دەل› ‹ئەمەلىي› بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەشتۇر.» شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى دېڭ خۇڭ مۇنداق قارىدى: كەسىپ تەرەققىياتىدا يالغۇز ئېلىشىشقا بولمايدۇ، ھەرقايسى جايلار شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، مەۋقەنى بايلىق ئەۋزەللىكىگە قويۇپ، ئۆز خاسلىقىغا ئىگە كەسىپ زەنجىرىنى بەرپا قىلىپ، ئالدى بىلەن زامانىۋى يېزا ئىگىلىك كەسىپ باغچە رايونى، خاس كىچىك بازار، يېزا ئىگىلىكى كەسپلەشكەن بىرلەشمە گەۋدە قۇرۇپ، كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپ، خەۋپ ـ خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

دېڭ خۇڭ مۇنداق قارىدى: پۈتۈن كەسىپ زەنجىرى بەرپا قىلىشتا، شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ياكى ئۆزى بەرپا قىلىش، ياكى شەرق ـ غەربنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ھەمكارلىقى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش قاتارلىق بايلىقلاردىن پايدىلىنىش كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا، ئالاقىدار كەسىپلەرنىڭ بىرلەمچى، ئىككىلەمچى كەسىپلەرنىڭ ئىش تەقسىملەپ ھەمكارلىشىشىنى شەكىللەندۈرۈپ، ھەم شۇ جاينىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشىغا تۈرتكە بولغىلى، ھەم شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئىچكىرى رايونلار بازىرىدا سېتىشىغا تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ.

نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشنى مەن قىلالايمەن ——

**«پەن ـ تېخنىكا بىر تال ‹ئالتۇن ئۇرۇق›»**

ئاياغ يېڭىمەھەللە كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى توختى سابىرنىڭ تېرىلغۇ يېرى ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدىلا ئىدى، ھەر كۈنى ئۆيىگە كىرىپ ـ چىققۇچە، ئېتىزىغا قاراپ قويۇشنى خۇشياقمايتتى. بىر قانچە مو يەردىكى بۇغداي، كېۋەزدىن بىر يىلدا چىققان ھوسۇلنى ھېچقانچە پۇلغا ساتالمايتتى.

پەيزاۋات قوغۇنى بىلەن شىنىپىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى تونۇش ھەم ناتونۇش ئىقتىسادىي زىرائەت «ئىلگىرى ـ كېيىن» بولۇپ بۇ كەنتكە كەلگەندە، ئۇ ئىرەن قىلىپ كەتمىگەنىدى. «ئوخشاش يەر، ئوخشاش ئادەم، زىرائەتنى ئالماشتۇرۇپ تېرىشنىڭ ئوخشىمايدىغان نەرى بولسۇن.» ئۇ دەسلەپتە شۇنداق قارىغانىدى.

مۇشۇنداق «ئادەتلىنىپ قالغان تەپەككۇر» بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخنىكا كەمچىل، پەرۋىش قىلىش كەمچىل بولغانلىقتىن، توختى سورتىنى ئۆزگەرتىپ پەيزاۋات قوغۇنى تېرىغان ۋە شىنىپى ئۆستۈرگەندىن كېيىنمۇ پايدىسى يەنىلا ناھايىتى ئاز بولدى، باشقا دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئەھۋالىمۇ ئانچە پەرقلەنمىدى. بۇ قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، پەيزاۋات ناھىيەسى قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يېتەكچى قىلىپ، تېرىقچىلىق ئۈلگە كۆرسىتىش باغچىسى قۇردى؛ تېرىقچىلىق مۇتەخەسسىسلىرى، تېخنىكلار، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى ئېتىز باشلىرىغا بېرىپ، قولمۇقول يېتەكچىلىك قىلىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى ئىگىلىشىگە ياردەم بەردى.

«پەن ـ تېخنىكا بىر تال ‹ئالتۇن ئۇرۇق›.» بۇلتۇر 7 ـ ئايدا، توختى قوغۇندىن مول ھوسۇل ئالدى. شۇ كەنتتىكى ئىلمىي تېرىقچىلىق، ئۆلچەملىك پەرۋىش قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان كۆپ قىسىم كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ھوسۇلى يامان ئەمەس بولدى.

بۈگۈنكى كۈندە، توختى ۋە يۇرتداشلار ئىشى بولمىسىلا ئېتىزلىققا بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشى باغلانغان بۇ تۇپراققا ئىخلاس بىلەن كۆڭۈل بۆلىدىغان بولدى. ئىش قىلىش، دەم ئېلىش ئارىلىقىدا، ئۇلار دائىم ئۇ بىر ئېتىزدىن، بۇ بىر ئېتىزدىن گەپ قىلىپ ھوسۇلنى ھېسابلاپ، نەچچە ئون مىڭ يۈەن يېزا ئىگىلىك كىرىمنى ئويلىغىنىدا، ۋۇجۇدى پۈتمەس ـ تۈگىمەس غەيرەتكە تولاتتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كاربوننى تۇراقلاشتۇرۇپ ئوكسىگېن قويۇپ بېرىشى قاتارلىق جەھەتلەردە تەڭداشسىز رول ئوينىدى» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسى تەبىئىي ئورماننى قوغداش ئىشخانىسىنىڭ ئالىي ئىنژېنېرى شياۋ جۈنچى.

شىخو فوشەن دۆلەت ئورمان باغچىسىدىكى بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق» كۆز ئالدىدىكى پاكىت ئىدى. ئورمان باغچىسى ئەسلىدە شىخو ئورمانچىلىق مەيدانى ئىدى، دۆلەت تەبىئىي ئورماننى قوغداش قۇرۇلۇشى باشلانغاندىن كېيىن، ئورمانچىلىق مەيدانى ياغاچ كېسىشتىن ئورمان بايلىقىنى قوغداشقا ئۆتۈشتەك تارىخىي خاراكتېرلىك بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق» ئىدىيەسىنىڭ كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشى ئورمانچىلىق مەيدانىغا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلىش يۆنىلىشى تېپىپ بەردى.

2015 ـ يىلى، شىخو فوشەن دۆلەت ئورمان باغچىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا دۆلەت 4A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى دەرىجىسىگە ئۆستۈرۈلدى. 2017 ـ يىلى، شىخو فوشەن دۆلەت ئورمان باغچىسى شىخو شەھەرلىك جۇڭيى دوختۇرخانىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە تۇنجى «ئورمان ساغلاملىق ـ كۈتۈنۈش ئۆتىڭى»نى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئەۋزەل ئورمان ئېكولوگىيە مۇھىتىدىن پايدىلىنىپ، كەسپلەشكەن ساغلاملىق ـ كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى، خاسلىققا ئىگە ساياھەت مۇلازىمىتى بارغانسېرى كۆپ ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى.

«95 ـ يىلدىن كېيىن تۇغۇلغان» ساۋ لېيمېڭ «3 ـ ئەۋلاد ئورمان خىزمەتچىسى» بولۇپ، بوۋىسى دەرەخ كەسكۈچى، دادىسى ئورمان مۇھاپىزەتچىسى ئىدى، ئۇ ئورمان باغچىسىنىڭ ساياھەت يېتەكچىسى بولۇپ، ھەر كۈنى تاغ ـ ئورمان ئارىسىدىكى گۈللەر ئارىسىدا خىزمەت قىلىشنى ئەڭ ياخشى كۆرىدۇ.

يالغۇز شىخو ئورمانچىلىق رايونىدىلا ئەمەس، بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭدا قاناس، نارات، تىيانشان بوغدا كۆلى، كۆكتوقاي قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەڭ تەسىر كۈچىگە ئىگە ساياھەتچىلىك سۈپەتلىك ماركىسىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تەبىئىي ئورماننى قوغداش قۇرۇلۇشى رايونلىرىدا. شىنجاڭ تەبىئىي ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەن سۈنئىي ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئورمان ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تېزلەتتى، مول ئورمان بايلىقى شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى پۇختا ئاساسقا ئايلاندى.

**ساياھەتچىلىك ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ تەرەققىي قىلدى**

يۇرت ـ ماكانىنىڭ گۈزەل، پاكىز بولۇشى ئۈچۈن، شىنجاڭ ئېكولوگىيەنى قوغداش قىزىل سىزىقىنى بېكىتىش لايىھەسىنى تۈزۈپ، بىڭتۈەن بىلەن يەرلىكنىڭ مۇھىت ئاسراشتىكى «بەشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش» خىزمەت مېخانىزمىنى ئورناتتى؛ «ئۈچ يۇقىرى» تۈرلەرنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قاتتىق چەكلەپ، ئېنېرگىيە، قېزىلما بايلىقلارنى ئېچىشتا ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت «بىر قوللۇق» تەستىقلاش تۈزۈمى، مۇھىت ئاسراشتا «بىر چاتاق بىلەن ئىنكار قىلىش» تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلدى؛ دەريا باشلىقى تۈزۈمى، كۆل باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈردى؛ ئاقسۇ دەرياسى، ئۆگەن دەرياسى ئېقىن رايونىدىكى مىليون مولۇق ئىككى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق بىر تۈركۈم مۇھىم، زور ئېكولوگىيەنى ئاسراش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى؛ ئاتموسفېرا، سۇ، تۇپراق بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش سىجىل ئالغا سىلجىتىلىپ، تىرىشىپ ئاسمىنى كۆك، يېرى يېشىل، سۈيى سۈزۈك گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىلدى. ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش جەريانىدا، شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىكى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى.

قۇتۇبى ناھىيەسىدىكى بىر ئەگرى ـ بۈگرى تاغ جىلغىسى تىيانشاننىڭ ئىچكىرىسىگە تۇتىشىدۇ. ئۇنىڭ شۇ جايدا ئانچە نامى يوق، لېكىن جۇڭگو دالا ئېكسپېدىتسىيە ساھەسىدە خېلى نامى بار. قۇتۇبى دەرياسى چوڭ جىلغىسىدىن جەنۇبقا قاراپ كېسىپ ئۆتۈپ خېجىڭ ناھىيەسىنىڭ بالغۇنتاي رايونىغا تۇتىشىدىغان بۇ پىيادە مېڭىش لىنىيەسىنىڭ نامى بۆرە مۇنارى C لىنىيەسى بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 120 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئىنتايىن يۇقىرى قىيىنلىق دەرىجىسى، مول يەر شەكلى مەنزىرىسى نۇرغۇن ئېكسپېدىتسىيە ھەۋەسكارلىرىنى بەكلا تەلپۈندۈرىدۇ. بۇ ئېكسپېدىتسىيە ساياھىتىنىڭ يالغۇز كىشىلىك خىراجىتىلا 8000 ـ 7000 يۈەن ئەتراپىدا.

شىنجاڭ ئالاھىدە ساياھەتتىكى گۈزەل ماكان، دەپ ئاتىلىدۇ، بۆرە مۇنارى لىنىيەسىدە پىيادە مېڭىشنى ۋەكىل قىلغان ئالاھىدە ساياھەت بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭنىڭ ساياھەت كەسپىدىكى ئەڭ يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە ساھەلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ناھايىتى قىزىپ كەتكەن ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەت قىلىشتىن باشقا يەنە ئۆي ئاپتوموبىل ساياھىتى، تاغقا چىقىش، لەيلەپ ئۇچۇش، ۋېلىسىپىت مىنىش، ئېكسپېدىتسىيە، تۆۋەن ھاۋا بوشلۇقى ساياھىتى قاتارلىق كۆپ خىل ئالاھىدە ساياھەت تۈرلىرى بار، ئالاھىدە ساياھەت ئادەتتىكى ساياھەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، ساياھەتچىلەرنىڭ شىنجاڭغا بولغان ئاجايىپ تەسىراتىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتتى.

بۇلتۇر شىنجاڭدا ساياھەت قىلغانلارنىڭ سانى 200 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئاشتى، قاناستىن ناراتقىچە، بايىنبۇلاق يايلىقىدىن باغراش كۆلىگىچە، قەشقەر قەدىمىي شەھىرى قاتارلىق نادىر شەھەر ساياھىتىدىن مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ يۆلياڭدى كەنتىدىكى قەدىمىي كەنت يېزا ـ كەنت ساياھىتىگىچە، شىنجاڭنىڭ ساياھەت سىستېمىسى ئۈزلۈكسىز بېيىپ، مۇكەممەللىشىپ، ساياھەت كەسپى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. تىيانشاننىڭ جەنۇب ـ شىمالىدا ئېكولوگىيە بايلىقى ئۈزلۈكسىز ئېكولوگىيە مەھسۇلاتىغا ئايلىنىپ، ھەر كۈنى دېگۈدەك «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق» ئىدىيەسىنىڭ دەل جايىدا ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈلۈشىنى نامايان قىلماقتا.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مۇخبىرلار تېلېفوندا زىيارەت قىلغاندا، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇ يىل ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە «13 ـ بەش يىللىق» يىرىك پىلان تاماملىنىدىغان يىل، شۇنداقلا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان يىل، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يۈكسەك سىياسىي ئاڭلىقلىق ۋە تولۇپ تاشقان سىياسىي قىزغىنلىق بىلەن يىغىننىڭ تۈرلۈك پائالىيەتلىرىگە ئەستايىدىل قاتنىشىپ، ئەزالارنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى پائال ياخشى ئادا قىلىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىش ۋە ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشتىن ئىبارەت قوش يۆنىلىشتە كۈچەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سەممىي كېڭىشىپ، ئەمەلىي نازارەت قىلىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىپ، تىرىشىپ ۋەزىپىمىزنى ئادا قىلىش جەھەتتە خەلق رازى بولىدىغان جاۋاب قەغىزى تاپشۇرىمىز.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)